## 121170 ـ كرىست بەلگىلىرىنىڭ چەكلەنگەن شەكىللىرى

**سۇئال**

مەن كرىست بەلگىلىرى توغرىسىدا سوئال سورىماقچى، ئۇنىڭ شەكىللىرى قانداق بولىدۇ؟ قوشۇش ۋە كۆپەيتىش بەلگىلىرىمۇ كرىست بەلگىسى ھېسابلىنامدۇ؟ بۇ ئىش ماڭا ۋە مەندىن باشقا بەزى قېرىنداشلىرىمغا قىيىن بولدى، بۇنىڭغا يېتەرلىك جاۋاپ تاپالمىدۇق؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

كرىست ياساش، ئۇنى سېتىش، كىيىم-كېچەك ۋە تاملارغا نەقىش قىلىپ ئويۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئۈچۈن قىلىش چەكلەنگەن ئىشلاردىن بولۇپ، ئۇنى ئۆزى قىلىش ياكى قىلغۇچىلارغا ياردەم بېرىش توغرا بولمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ، غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز دىنلىرىدا ئىلاھىي سىمۋۇل قىلغان بەلگىلىرىدىن ساقلىنىش كېرەك.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "كرىست بەلگىلىرىنى ھەقلىك ياكى ھەقسىز ياساپ بېرىشكە، ئۇنىڭ تىجارىتىنى قىلىش توغرا بولمايدۇ. شۇنىڭدەك بۇت ياساش ۋە ئۇنى سېتىشمۇ توغرا بولمايدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان سەھىھ ھەدىستە: ئاللاھ تائالاھاراق سېتىشنىن، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان مالنىڭ گۆشىنى سېتىشتىن، چوشقا ۋە بۇتلارنى سېتىشتىن چەكلىگەن، دېگەن". ["پەتىۋالار توپلىمى" 22- توم 141-بەت، "پىقھى توپلاملىرى"12 ـ توم 84-88-بەتكە قارالسۇن].

ئىككىنچى: كرىستنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرى بولىدۇ، زامان-ماكاننىڭ ۋە خرىستىئانلار جامائەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇنىڭ شەكىللىرىمۇ ئۆزگىرىدۇ، ئۇنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرىنى بىلىش ئۈچۈن بۇ ئۇلىنىشنى زىيارەت قىلىڭ:

http://en.wikipedia.org/wiki/Cross

كرىست بەلگىلىرىدىن مۇشۇ تۈر ۋە شەكىللەرنى سىزىش ۋە ئېسىش توغرىسىدا بىزگە ئاشكارا بولغان ھۆكۈملەر تۆۋەندىكىچە:

1 ـ بىر نەرسە سىزىلىش ياكى ياسىلىشتا كرىست دەپ سىزىلغان ياكى ياسالغان بولسا، مۇسۇلماننىڭ ئۇنى كۆتۈرۈشى، كىيىشى، سېتىۋېلىشى، سېتىشىۋە سىزىشى ياكى ياسىشى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى كرىستنى سىزىش ۋە كىيىشنىڭ

چەكلەنگەنلىكىدىكى سەۋەپ بولسا، خىرىستىئانلارغا ئوخشاپ قىلىشتىن، ئۇلارنىڭ باتىل دىنى شۇئارلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن يىراق بولۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ سەۋەپ خىرىستىئانلار بىلىدىغان كىرىست بەلگىلىرىنىڭ ھەممە شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى مەزكۇر بەلگىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلار مەقسەت قىلغان نەرسىنى ئىپادىلەش ۋە ئۇلۇغلاش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغاندۇر.

2-ئەمما مەلۇم نەرسىلەرنى كەشتىلەش ياكى ئائىلىدە ئىشلىتىدىغان بەزى ئادەتتىكى شەكىللەرنى ياساش جەريانىدا ئۇنىڭدىكى بەزى شەكىللەر كىرىست بەلگىسىگە ئوخشاپ قالغان بولسا، بۇنىڭغا قارايمىز:

ئا-ئۇ نەرسىگە تۈنجى قېتىم قارىغان كىشىئۇنى ھازىرقى دەۋرىدە كۆپلىگەن چېركاۋلاردا ۋە كۆپچىلىك خىرىستىئانلارنىڭ قارشىدا كىرىست دەپ قارالغان نەرسىنىڭ رەسمى بولسا، ئۇ ئىككى تۈز سىزىقتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى تۈز يەنە بىرسى توغرا شەكىلدە قويۇلغان توغرا شەكىلدە قويۇلغىنى تۈز شەكىلدە قويۇلغىنى بىلەن كېسىشكەن، تۈز شەكىلدىكىنىڭ ئۈستى تەرىپى قىسقا، تۆۋەن تەرىپى ئۇزۇن بولسا بۇ ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى خىرىستىئانلار پەيدا قىلغان كىرىست بەلگىسىنىڭ مەشھۇر شەكلى بولۇپ، بۇ ئۇلار ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئادەمنى ئاسىدىغان ياغاچنىڭ شەكلىدىن ئېلىنغان، ئۇ شەكىلگە تۈنجى نەزەر سالغۇچىغا كىرىست بەلگىسى تۇيغۇسىنى بەرسە، ئۇ ۋاقىتتا مەزكۇر شەكىلنى بۇزۇپ، يوق قىلىۋېتىشى ياكى ئۇنى ئۆزگەرتىپ كىرىست شەكلىدىن چىقىرۋېتىش زۆرۈر بولىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مەسىلىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى بايان قىلىنغان ھەدىستە: ئائىلىدە كىرىست بەلگىسىگە ئوخشايدىغان نەرسە بولسا ئۇنى بۇزۇۋېتەتتى، دېيىلگەن.

ب-ئەمما كىرىست بەلگىسىنىڭ شەكلى ئېنىقلىقى ئوچۇق نامايەن بولمىسا، ئۇ پەقەت مەقسەت قىلماستىن كەشتىدىن پەيدا بولغان ياكى ئىنجىنېرنىڭ قۇرۇلۇش لاھىيىلىشىدىن ھاسىل بولغان گۈزەل، كىسىشمىلەر بولسا، ياكى مەلۇم ماتېماتىكا بەلگىلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ھېساب ئىلمىدىكى قوشۇش ۋە كۆپەيتىش بەلگىلىرىگە ئوخشاش بولسا بۇنداق ھالەتتە ئۇنى بۇزۇۋېتىش ۋە يوق قىلىۋېتىش كېرەك بولمايدۇ، ئىللەت-سەۋەپ يوق بولغاندىن كېيىن ئۇنى ياساش ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان نەرسىلەرنى سېتىش دۇرۇس بولىدۇ، بۇنىڭدىكى ئىللەت-سەۋەپ بولسا كاپىرلارغا ئوخشاپ قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ بەلگىلىرىنى ئۇلۇغلاش بولۇپ، بۇ ھالەتتە كىرىست بەلگىسى بەك ئىنچىكە بولغانلىقتىنئۇنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئىپادىلىمىسە بىلگىلى بولمايدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

بىرىنچى: مەزكۇر نەرسىنىڭ ماھىيەتتە كىرىست ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك، چۈنكى بەزى كىشىلەر كىرستكە ئوخشايدىغان بەزى نەرسىلەرنى كىرىست دەپ قارىسىمۇ ئۇ ئەسلىدە كىرىست بەلگىسى ئەمەس.

ئىككىنچى: ئۇ نەرسىنىڭ كىيىمدىكى نەقىش بولماستىن بەلكى ئۇنىڭ ئەسلى قويۇلۇشىدا كىرىست ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك،چۈنكى خىرىستىئانلار كىرىستنى ئۇلۇغلايدۇ، شۇڭا ئۇلار كىرىستنى كىيىمگە نەقىش قىلمايدۇ بەلكى ئۇنى ئېھتىرام قىلىدىغان ئورۇندا قويىدۇ.

بۇ ئىككى ئىشنى بىلىش مۇھىمدۇر، بىز ئۇ نەرسىنىڭ كىرىست ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيلەشتۈرسەك، ئۇنى بۇزۇۋېتىش زۆرۈر بولىدۇ. ھېچ بولمىغاندا سۈننەت بويىچە كىرىست بەلگىسى شەكلى نەقىشلەنگەن كىيىملەرنى سېتىۋالماسلىقىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغان ۋاقتىمىزدا بۇ تۈردىكى نەرسىلەرنى ساتىدىغان تىجارەتچىلەر بۇنىڭدىن پايدا ئالالمىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان نەرسىلەرنى ساتمايدۇ.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئالتە بۇرجەكلىك يۇلتۇز بەلگىسى يەھۇدىيلارنىڭ دىنى شۇئارى دېيىلىدۇ، بۇنىڭ ھۆكمىمۇ كىرىستنىڭ ھۆكمىگە ئوخشايدۇ، گەرچە بۇ بەلگىنى يەھۇدىيلار ئىبادەت يولىغا ئاساسەن قوللانمىسىمۇ ئەمما بۇ ئۇلارنىڭ خاس بەلگىسى.

بىز كىرىست بەلگىسى توغرۇلۇق مۇسۇلمان بولغان خرىستىئانلاردىن سورىساق ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقى كىرىست دېگەن بىزگە تونۇشلۇق بولغان ئىككى تۈز سىزىقتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى تۈز يەنە بىرى توغرا شەكىلدە بولىدۇ، تۈز سىزىقنىڭ ئاستى تەرىپى ئۈستى تەرىپىدىن ئۇزۇن بولىدۇ.

ھەتتا بىز ئۇلاردىن كىرىست شەكلىدىكى كىرىست سائەت دەپ ئاتىلىدىغان سائەت توغرۇلۇق سورىساق، ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: بۇ سائەتتىن كىرىست مەقسەت قىلىنمايدۇ، بۇ پەقەت سائەت شىركىتىنىڭ بەلگىسى، چۈنكى خرىستىئانلارنىڭ نەزىرىدىكى كىرىست بولسا، ئۇ ئۇزۇن بىر تۈز سىزىق ئاندىن يەنە بىر توغرا تۈز سىزىق بولۇپ، ئۇزۇن تۈز سىزىقنىڭ ئاستى تەرىپى ئۈستىدىن تەرىپىدىن ئۇزۇن بولىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق، دارغا ئېسىلىدىغان ئادەمنىڭ ئىككى قولىنى باغلاش ئۈچۈن تۈز تاختىنىڭ ئۈستىگە توغرا شەكىلدە تاختا مىخلىنىدۇ، ئىككى قولنى باغلاش ئۈچۈن قويۇلىدىغان ياغاچ ئوتتۇرىدا بولامدۇ؟، ياق، بەلكى ئۈستۈن تەرەپتە بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن تارقالغان تۆرلۈك شەكىلدىكى كىرىست بەلگىلىرىدىن شەكلىنىمىز، ئۇلار بۇ كىرىست دېگەن (+) قوشۇش بەلگىسى كىرىستمۇ؟ ياق ئۇ كىرىست ئەمەس.

شۇنىڭغا ئوخشاش قۇدۇقتىن سۇ تارتىدىغان سوغا_چېلەكلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستۈن تەرىپىدە ئەرەقات دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى ياغاچ بار، بىرى توغرا شەكىلدە يەنە بىرى ئۇزۇن تۈز شەكىلدە بولۇپ بۇ نەرسىلەر كىرىست ئەمەس، ماھىيەتتە كىرىست بەلگىسى ياسىلىشىدا كىرىست دەپ ياسالغان نەرسىلەردىن ئىبارەتتۇر". ["ئوچۇق سۆھبەت" ناملىق پروگراممىدا 7-نۇمۇرلۇق 21-سوئال"].

ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: "بەزى نەرسىلەردە كىرىست بەلگىسى مەقسەت قىلىنمايدىغان، ئۇلۇغلانمايدىغان، دىنى شوئار ھېسابلانمايدىغان قوشۇش، كۆپەيتىش ئالامەتلىرى روشەن ئىپادىلەنگەن تەقدىردىمۇ ياكى قوشۇش بەلگىسى قويۇلغان ئېلىكتىرونلۇق سائەتلەر بولسا بۇنىڭدا ھېچ گەپ يوق. بۇ نەرسىلەر كىرىست بەلگىسى ھېسابلانمايدۇ." ["ئىبنى ئۇسەيمىين پەتىۋالار توپلىمى" 18-توم 114-115-بەت، 74-نۇمۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدىن ئېلىندى].

يەنە ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھدىن "ئوچۇق سۆھبەت" نامىلىق پروگراممىدا 199-نۇمۇرلۇق 9-سوئالدا: شەھىرىمىزدە مەلۇم بىر قۇرۇلۇشنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئون قەۋەتتىن ئىبارەت بولغان بۇ بىنانىڭ ھەممە قەۋەتتىكى دەرىزىلەرنىڭ كىرىست

بەلگىسى شەكلىدە ئىكەنلىكىنى كۆردۈم، بۇ خۇددى غەرپ دۆلەتلىرىدىكى خرىستىئانلارنىڭ ئۆي شەكلىگە تامامەن ئوخشايدىكەن، بۇ قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "قېرىندىشىم! بۇ ئىشقا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن ئاشۇ قۇرۇلۇشنى كۆرۈپ كېلىش كېرەك، كرىست بەلگىسى شەكلىدە كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كرىست بولمايدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، ھېساب ئىلمىدىكى قوشۇش بەلگىسىنى، دېھقانلارنىڭ ئېتىزلىقلىرىنى غەربچە ئۇسۇل بىلەن سۇغىرىشى قاتارلىق ئىشلارنى ھارام دەيمىزمۇ؟!، كرىست دېگەن توغرا قويۇلغان ئىككى پارچە ياغاچ بولۇپ، بۇ ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق، كرىستنىڭ مەلۇم شەكىللىرى ۋە ئۇنىڭ كرىست ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئالامەتلىرى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىشىمىزدىن ئاۋۋال ئۇ قۇرۇلۇشنى تولۇق كۆرۈشىمىز ۋە لاھىيەلەش ماھىيىتىنى بىلىشىمىز كېرەك بولىدۇ".

ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.